# پاشاخان
**(Pashaxan)**

كېرىيەلىك بولايمىكىن يارىم،
چىرالىق بولايمىكىن،
كېرىيەلىك بولايمىكىن يارىم،
چىرالىق بولايمىكىن.
يوق ساقالنى تەتۈ ئۆرۈپ ئا،
نوچا يىگىت بولايمىكىن.
ئالتۇن پاشاخان
جاننى ئالاملا
ئاستىن-ئۈستۈن پاشاخان
ساڭا تومۇردا جان قالدى.

ئۆتەپ بېرىڭە ئاۋۇ يارەي
ساراڭمۇ نېمە ماۋۇ
ئۆتەپ بېرىڭە ئاۋۇ يارەي
ساراڭمۇ نېمە ماۋۇ
سېنىڭ كۆيگىنىڭ قايسى ئاھ
مېنىڭ سۆيگىنىم ماۋۇ
ئالتۇن پاشاخان
جاننى ئالاملا
ئاستىن-ئۈستۈن پاشاخان
ساڭا تومۇردا جان قالدى

يۈزىڭىز قىزارمامدۇ يارەي
ئەجەپمۇ قىلىقلارغا
يۈزىڭىز قىزارمامدۇ يارەي
ئەجەپمۇ قىلىقلارغا

سىز لايىق بولۇپ قاپسىز ئاي
ئىنچىكە تاياقلارغا.
ئالتۇن پاشاخان
ساڭا تومۇردا جان قالدى
ئاستىن-ئۈستۈن پاشاخان
جاننى ئالاملا.

گۈل-باغدا كۆرەشكەندە يارەي
بىر قاراپ قويا دەپتىم، ۋۇجان
گۈل-باغدا كۆرەشكەندە يارەي
بىر قاراپ قويا دەپتىم.
شۇڭقار قۇرغۇيدەك بولۇپ، ئاي
قاشلىرىغا مەن كەلدىم.
ئالتۇن پاشاخان
جاننى ئالاملا
ئاستىن-ئۈستۈن پاشاخان
ساڭا تومۇردا جان قالدى

خوتەندە ئۆيىمىز بار، يارەي
قاملاشقان بويىمىز بار
خوتەندە ئۆيىمىز بار، يارەي
قاملاشقان بويىمىز بار
كۆز تاشلاپ كېتەلمەيسىز ئاي
سېپ قويغان ئوتىمىز بار
ئالتۇن پاشاخان، جاننى ئالاملا
ئاستىن-ئۈستۈن پاشاخان
ساڭا تومۇردا جان قالدى
ئا ساڭا تومۇردا جان قالدى.